3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىنىڭ روھىنى ئۆگىنەيلى، ئىزچىللاشتۇرايلى
تىرىشىپ يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭ قۇرۇپ چىقايلى

# يېڭىچە ماكان، يېڭىچە ئوغۇل ـ قىزلار، يېڭىچە مۆجىزە

(بېشى 1 ـ بەتتە)

### غەربىي قىسمىدىكى يېڭىچە ماكان:
### «نامراتنىڭ نامرتى» يېڭى قىياپىتىنى نامايان قىلدى

كۈز كۈنلىرى چۈشتىن كېيىنكى پەيزاۋات ناھىيەسىنىڭ جامباز يېزىسى يېپەكچى كەنتىدە قىزىل، كۆك ئۆگزىلىك ئۆيلەر رەتلىك كۆرۈنۈپ تۇراتتى. 80 ياشلىق ھېمىت ھەسەن ئۈزۈم بارىڭى ئاستىدا يېڭى دەملەنگەن بىر چەينەك چاينى ھۇزۇرلىنىپ ئىچىۋاتاتتى.

بۈگۈنكى ھالەت بىلەن روشەن سېلىشتۇرما بولغىنى: ئىلگىرى شىنجاڭدا ئۇل شارائىت ئاجىز ئىدى، تەبىئىي ئاپەت كۆپ يۈز بېرەتتى، نامراتلىق ئالۋاستىسى ئۇزاقتىن بۇيان قوترىغانىدى. دۆلىتىمىزدىكى «ئۈچ رايون، ئۈچ ئوبلاست»نىڭ بىرى بولغان جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست قارلىق ئېگىزلىك بىلەن بىپايان قۇملۇقنىڭ ئارىسىغا جايلاشقان، ئۇنىڭ ئۈستىگە بىرمەھەل دىنىي ئەسەبىي كۈچلەر ۋە زوراۋانلىق، تېررورلۇقنىڭ چىرىتىشىگە چوڭقۇر ئۇچرىغاچقا، نامرات، قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش تەسكە توختىغانىدى، «نامراتنىڭ نامرتى» دېگەن ئاتاقتىن پەقەتلا قۇتۇلالمىغانىدى.

«ئىلگىرى سۇنىڭ قىرتاق، تۇزلۇق تەمىنى يوقىتىش ئۈچۈن چاي دەملەيتتۇق.» ھېمىت مۇنداق دېدى: ئويلىمىغان يەردىن نەچچە ئەۋلاد كىشىلەرنىڭ بىخەتەر سۇ ئىچىش ئارزۇسى بىز بىر ئەۋلادقا كەلگەندە ئىشقا ئاشتى.

مىڭ يىللاردىن بۇيان، «كۆل سۈيى» «قىرتاق، تۇزلۇق سۇ» ئىچىپ كەلگەچكە، سۇ ئىنتايىن كەمچىل رايونلاردا ياشاۋاتقان كىشىلەر ئىلگىرى نامراتلىق ۋە كېسەللىك ئىسكەنجىسىدە قالغان بولسىمۇ، لېكىن بۇ جايدىن كېتىشكە ئامالسىز ئىدى. 2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، دۆلىتىمىزدە پەقەت شىنجاڭنىڭ پەيزاۋات ناھىيەسىدىكىلەرنى ئۆز ئىچىگە ئالغان تەخمىنەن 25 مىڭ نامرات نوپۇسنىڭلا ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى ئۆلچەمگە يەتمىگەنىدى، بۇنىڭ ئىچىدە پەيزاۋات ناھىيەسىدىكىلەر 60%تىن كۆپرەكنى ئىگىلەيتتى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلىپ، ھەل قىلغۇچ غەلىبە قىلىش يىلىدا، شىنجاڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكىدىكى «كەمتۈكلۈك»نى تېزدىن تولۇقلىدى، مۇستەھكەملىدى. سۇ مەنبەسى، مۇھىت ئاسراش، مەبلەغ، قۇرۇلۇش مودېلىنى چۆرىدىگەن بىر مەيدان «شەھەر ھالقىپ سۇ باشلاش» ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش جېڭى تېز قانات يايدۇرۇلدى: قۇرۇلۇش ئۈچ ناھىيەنى ھالقىغان بولۇپ، نەچچە يۈز كىلومېتىر يىراقلىقتىكى مۇز تاغ چوققىسىدىكى قار، مۇز سۈيى مۇقىم، ئەلا سۈپەتلىك سۇ مەنبەسى قىلىنىپ باشلاپ كېلىندى، 2000 كىلومېتىرغا يېقىن تۇرۇبا لىنىيەسى تازىلانغان سۈپسۈزۈك سۇنى ھەربىر ئائىلىگىچە يەتكۈزدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، شىنجاڭدا يېزىلارنىڭ ئىچىدىغان سۇ بىخەتەرلىكى قۇرۇلۇشىدىن جەمئىي 400 نەچچە تۈر يولغا قويۇلۇپ، 12 مىليارد 200 مىليون يۈەن مەبلەغ سېلىش تاماملاندى. بۇ يىل ئەڭ ئاخىرقى 15 مىڭ 300 ئادەمنىڭ «خاتىرجەم سۇ» ئىچىشىگە ئەگىشىپ، جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ قۇرغاق رايون سۇ بىلەن قۇم، تاتلىق بىلەن قىرتاق ئارىسىدىكى جەڭدە تارىخىي خاراكتېرلىك غەلىبىنى قولغا كەلتۈردى.

2019 ـ يىلىنىڭ ئاخىرىغىچە، شىنجاڭدا 2 مىليون 923 مىڭ 200 كىشى مۇتلەق نامراتلىقتىن قۇتۇلدى، نامراتلىق يۈز بېرىش نىسبىتى 2013 ـ يىلدىكى 19.4%تىن 1.24%كە تۆۋەنلىدى. «ئىككىدىن غەم قىلدۇرماسلىق، ئۈچتە كاپالەتلەندۈرۈش»تىكى گەۋدىلىك مەسىلىلەر ئاساسىي جەھەتتىن ھەل قىلىنىپ، ئىشلەپچىقىرىش، تۇرمۇش شارائىتى زور دەرىجىدە ياخشىلاندى، بولۇپمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ۋەزىپىسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشقا تەسىر كۆرسىتىۋاتقان بىر تۈركۈم بوغما ھالەت مەسىلىلىرى تارىخىي خاراكتېرلىك ھەل قىلىندى.

ئەمىن ئۆيگە كۆچۈپ كىرىش، بىخەتەر، پاكىز سۇ ئىچىش... نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتا تاغلىق يۇرتتا غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بولدى: تىيانشاننىڭ جەنۇبى ـ شىمالىدا، سىجىل قانات يايدۇرۇلغان ئومۇمىي خەلقنىڭ سالامەتلىكىنى ھەقسىز تەكشۈرۈش مىڭلىغان ئائىلىلەرگە نەپ يەتكۈزدى، تۇبېركۇليوز كېسىلىگە گىرىپتار بولغان 140 مىڭدىن ئارتۇق ئاغرىق ھەقسىز داۋالاشقا ئېرىشتى؛ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن 670 مىڭدىن ئارتۇق نامرات ئائىلىنىڭ تۇرالغۇ بىخەتەرلىكى ئىشقا ئاشۇرۇلۇپ، يېزىلاردىكى نامرات نوپۇسنىڭ خەتەرلىك ئۆيدە ئولتۇرۇش تارىخىغا تەلتۆكۈس خاتىمە بېرىلدى.

«ئىلگىرى ھەرقانچە تىرىشساقمۇ نامراتلىقتىن قۇتۇلالمىغاندۇق.» يەكەن دەرياسىدا مىڭ يىلدىن بۇيان دائىم يۈز بېرىپ تۇرغان كەلكۈن ئاپىتى ئەۋلادمۇئەۋلاد تاغ ئېتەكلىرىدە «تۈگۈلۈپ يېتىپ»، ئەمدىلا كۆچۈرۈلگەن ئاھالە مەغرۇپ مۇرابانى ئىلگىرى بەكلا ئۈمىدسىزلەندۈرگەنىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: قاتمۇقات ئېگىز تاغلار تۇسۇۋالغاچقا، نامراتلىقنى تۈگەتكىلى، ھاللىق سەۋىيەگە يەتكىلى بولمىغانىدى.

باشقا جايغا كۆچۈرۈپ ئورۇنلاشتۇرۇش 170 مىڭغا يېقىن نامرات دېھقان ـ چارۋىچىنى دۆلەت ۋە يەرلىك ھۆكۈمەت ياردەم تولۇقلىمىسى بەرگەن بىخەتەر ئۆيدە ئولتۇرۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى. ئۇلار تاغ جىلغىلىرىدىن، قۇملۇقنىڭ ئېتەكلىرىدىن تۈزلەڭلىكتىكى بوستانلىقلارغا كۆچۈپ كەلدى، بۇ قارىماققا كىچىككىنە «بىر قەدەم»دەك كۆرۈنسىمۇ، ئەمەلىيەتتە «مىڭ يىل»دىن ھالقىغانىدى.

بۈگۈنكى كۈندە، پارچە ـ پارچە بوستانلىقلار ئارىسىنى كەزسىڭىز، قۇملۇقنىڭ راۋان يولغا ئۆزگەرگەنلىكىنى، كونا قىياپەتنىڭ يېڭى تۈسكە كىرگەنلىكىدەك ھالقىشنى كۆرۈپلا قالماي، ئەلرايى ياخشىلىنىشقا يۈزلەنگەن، كادىر ـ ئامما قەلبداش بولغان كۆتۈرەڭگۈ جۇشقۇن روھنى تېخىمۇ ھېس قىلالايسىز. قەدىمىي يىپەك يولى جۇڭگونىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ ئىنچام كۆرۈنۈشىگە ئايلاندى، بۇ تۇپراقتا ياشاۋاتقان كىشىلەر نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ، باغرىنى كەڭ ئېچىپ ئىشەنچ بىلەن زامانىۋى يېڭى تۇرمۇشنى قۇچاقلىدى.

### تىيانشاننىڭ يېڭىچە ئوغۇل ـ قىزلىرى:
### ئىشقا ئورۇنلىشىپ، ئىگىلىك تىكلەپ ھاللىق سەۋىيەگە ئاتلاندى

«ئىشىكىمىز ئالدىدىلا ئىشقا ئورۇنلىشىشنى ئىلگىرى ئويلاشقىمۇ جۈرئەت قىلالمايتتۇق.» «خىزمەتچى»گە ئايلانغان ئەنۋەرنىساخان دولە مۇنداق دېدى: ئىلگىرىكى لوپ ناھىيەسىنىڭ لوپ بازىرى قىرقاش كەنتىدە تاكى كۈن نەيزە بويى ئۆرلىگەندىن كېيىن، كەنت ئاھالىلىرىنىڭ ئىككى ـ ئۈچتىن يىغىلىپ «تامغا يۆلىنىپ ئاپتاپقا قاقلىنىۋاتقان»لىقىنى كۆرگىلى بولاتتى.

«ھازىر مەكتەپتە ئوقۇيدىغانلار، ئىشلەيدىغانلار بىلەن كەنت ئەتىگەن ـ كەچتە بارغانسېرى ئاۋاتلىشىپ كېتىۋاتىدۇ، تۇرمۇش سەۋىيەمىز ئۆستى، تۇرمۇش رىتىممىزمۇ تېزلەشتى» دېدى ئەنۋەرنىساخان ھاياجانلانغان ھالدا.

ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىشتىكى ئەڭ ئۈنۈملۈك، ئەڭ بىۋاسىتە يوللارنىڭ بىرى. شىنجاڭ، بولۇپمۇ جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا نامرات نوپۇس كۆپ، كەسىپلەر تەرەققىياتى ئارقىدا قالغان، ئىشقا ئورۇنلىشىش يوللىرى تار بولۇپ، نامرات ئاممىنىڭ ئىشقا ئورۇنلىشىش ئارقىلىق نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش ئارزۇسىنى قاندۇرۇش تەس ئىدى. بۇنىڭ ئۈچۈن، شىنجاڭ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش يوللىرىنى ئۈزلۈكسىز كېڭەيتىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش بوشلۇقىنى ئېچىپ، ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت «سۇ ساقلاش كۆلچىكى»نىڭ سىغىمىنى كېڭەيتتى.

2017 ـ يىلىنىڭ بېشىدا كىيىم ـ كېچەك زاۋۇتىغا دەسلەپتە كىرگەندە، مارالبېشى ناھىيەسىدىكى دېھقان گۈلنىسا كېرىم يەنە دەككە ـ دۈككە بولغانىدى. ئۇنىڭغا ئوخشاش پۈتۈن ناھىيەدىكى ھەرقايسى يېزا ـ بازاردىن كەلگەن 100دىن ئارتۇق ئايال ئىشچىنىڭ ھەممىسى دېگۈدەك كىيىم تىكىش ماشىنىسى ئىشلىتىپ باقمىغانىدى.

گۈلنىسا تۇرۇشلۇق كارخانا ئۇلارنى ئۈچ ئاي مائاشلىق تەربىيەلىدى، بۇنىڭ ئارقىسىدا شۇ جايدىكى ھۆكۈمەتنىڭ ئىشچى ـ خىزمەتچىلەرنى تەربىيەلەشكە بەرگەن زور ياردەم تولۇقلىمىسى بار.

ئىچكى تەرەققىياتنىڭ ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئاشۇرغاندىلا، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىنكى تەرەققىي قىلىش، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلغىلى بولىدۇ. «ماھارەت تەربىيەسى ئارقىلىق، بارغانسېرى تېخىمۇ كۆپ ئامما ئىشقا ئورۇنلاشتى، نامرات دېھقان ـ چارۋىچىلارنىڭ دىققىتى تەدرىجىي ھالدا تەرەققىياتقا يۆتكەلدى» دېدى پوسكام ناھىيەسى تۆگەن يېزىلىق پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى ۋاڭ شۇخۇي.

ئۆتكەن بەش يىلدىلا، شىنجاڭنىڭ توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كەسپىدە مۇقىم مۈلۈك سېلىنمىسى جەمئىي 170 مىليارد يۈەندىن كۆپرەك ئورۇندالدى، يېڭىدىن 2200دىن ئارتۇق توقۇمىچىلىق، كىيىم ـ كېچەك كارخانىسى كۆپىيىپ، يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار جەمئىي 450 مىڭ ئادەمدىن ئاشتى. ئەمگەك كۆجۈملەشكەن كەسىپلەر ۋە نامراتلارنى يۆلەش كەسپىنى زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭ يەنە ئەمگەك كۈچلىرىنى يۆتكەپ ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى پائال تەشكىللەپ قانات يايدۇرۇپ، كارخانىلارنى نامرات رايونلار، بولۇپمۇ ئارخىپ تۇرغۇزۇلۇپ كارتا بېجىرىلگەن نامرات ئائىلىلەردىكى كىشىلەرنى تېخىمۇ كۆپ قوبۇل قىلىشقا ئىلھاملاندۇردى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭدا يېڭىدىن ئىشقا ئورۇنلاشقانلار 2 مىليونغا يېقىنلىشىپ، ئەمگەك ئىقتىدارى بار بارلىق نامرات ئائىلىدىكىلەردىن ئاز دېگەندە بىر كىشىنى ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇش ئىشقا ئاشۇرۇلدى. ماھارەتلىك بولۇش، قىلىدىغانغا ئىشى بولۇش، پۇل تاپالايدىغان بولۇش شىنجاڭدىكى ئېغىر نامرات رايونلاردىكى ھەر مىللەت ئاممىنىڭ تۇرمۇش ئاساسى بولۇپ قالدى. «ھەميان» تومپىيىپ، شۇ جايدىكى ئاممىنىڭ كۆرەش قىلىش روھى بارغانسېرى ئۇرغۇدى، گۈزەل تۇرمۇشقا بولغان ئۈمىدى تېخىمۇ كۈچەيدى.

### جۇڭگودىكى يېڭىچە مۆجىزە:
### نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇپ، خەلقنى خاتىرجەم قىلىپ كەلگۈسىنى يارىتىش

ئەسەبىزىم ۋە زوراۋان تېررورىزىم سەۋەبىدىن قىيىن ئەھۋالغا چۈشۈپ قالغان پەيتتە، مەملىكەت بويىچە يۇقىرىدىن تۆۋەنگىچە قول تۇتۇشۇپ نامراتلىققا قارشى ھەل قىلغۇچ جەڭ قىلغان قۇدرەتلىك كۈچلەر شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ئۈچۈن كۆرۈنەرلىك تۆھپە قوشتى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نامرات ئاممىنى يەيدىغىنى، ئىچىدىغىنى بولۇش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلىپلا قالماي، ياشانغاندا كۈتۈنەلەيدىغان بولۇش، بالىلار تەربىيەلىنەلەيدىغان بولۇشنى ئىشقا ئاشۇردى، يەنە نامرات يېزا ـ كەنتلەردە ناخشا ساداسى، ئائىلىلەردە كۈلكە ساداسى ياڭرايدىغان قىلدى، 25 مىليون شىنجاڭ ئوغۇل ـ قىزلىرىنى تېخىمۇ كۆپ ئېرىشىش تۇيغۇسى، بەخت تۇيغۇسى، بىخەتەرلىك تۇيغۇسىغا ئىگە قىلىپ، كىشىلەر خاتىرجەم بولغان، كۆڭلى ئارامىغا چۈشكەن، بىرىكمە كۈچ يېتەرلىك بولغان يېڭىچە كەيپىياتنى نامايان قىلدى.

ھاياتىدىكى تۇنجى مائاشىنى ئالغاندا، ئاجرىشىش سەۋەبىدىن ئىقتىسادىي مەنبەسىدىن ئايرىلىپ قالغان دېھقان گۈلبەھرەم قادىر ھاياجىنىنى باسالماي يىغلاپ كەتتى. «ئۆزۈمنىڭ ئىككى قولىغا تايىنىپ پۇل تاپالايدىغانلىقىمنى ئەزەلدىن ئويلاپ باقماپتىكەنمەن» دېدى ئۇ.

جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاستتا گۈلبەھرەمنىڭكىگە ئوخشاش ئائىلىلەر ئاز ئەمەس. ئۇزاقتىن بۇيان، دىنىي ئەسەبىي ئىدىيەنىڭ چىرىتىشىگە ئۇچرىغاچقا، ئاياللار پەقەت ئېرىگە «بېقىنىپ» ياشاپ كەلگەنىدى.

بىر تۈركۈم نامراتلارنى يۆلەش كارخانىلىرى ۋە نامراتلارنى يۆلەش سېخلىرىنىڭ ئارقا ـ ئارقىدىن قۇرۇلۇشىغا ئەگىشىپ، تېخىمۇ كۆپ ئاياللار زاۋۇتقا كىرىپ ئىشلەپ، ئىلگىرىكى «بالا ۋە قازان بېشىنى چۆرگىلەيدىغان، پۇل كېرەك بولسا ئېرىدىن سورايدىغان» كۈنلەردىن ئۈزۈل ـ كېسىل خوشلاشتى، ئائىلىدىكى ئورنى ئۆستى. ئۇلارنىڭ ئۇزۇن چېچى يەلپۈنۈپ تۇرىدىغان، يۈزىدە كۈلكە جىلۋىلىنىپ تۇرىدىغان بولدى، ھازىر ئۆزىگە ئىشىنىدىغان، ئوچۇق ـ يورۇق بۇ ئاياللاردىن نۇرغۇنلىرى نەچچە يىل ئىلگىرى قارا رەڭلىك نىقابلىق كىيىم ۋە چۈمبەلنىڭ ئىسكەنجىسىدە ياشايتتى، ئۆيدىن چىقالمايتتى، يېزا ـ كەنتلەردىنمۇ چىقالمايتتى.

«ھازىر مۇقىم خىزمىتىم بار بولدى، تۇرمۇشتا قانداق قىيىنچىلىققا ئۇچرىشىمدىن قەتئىينەزەر، ھەل قىلىش ئىقتىدارىم بار». تېخنىك ئىشچىلار مەكتىپىدە تەربىيەلىنىش ئارقىلىق، گۈلبەھرەم كەسىپ ئىشچىسى بولۇپ، خىزمەت جەريانىدا بارا ـ بارا قايتىدىن ئىشەنچ تىكلىدى.

نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشتىكى بىر قاتار خەلققە نەپ يەتكۈزۈش سىياسەتلىرى زور كۈچ بىلەن يولغا قويۇلۇپ، شىنجاڭدىكى ھەر مىللەت ئەمگەكچىلەرنىڭ كۆرەش قىلىش مۇۋەپپەقىيەت قازىنىش يوللىرى راۋانلاشتۇرۇلۇپ، ئۇلارغا كىشىلىك ھاياتنى نۇرلاندۇرىدىغان سۇپا ھازىرلاپ بېرىلدى، ئاممىنىڭ تۇرمۇشى كۈندىن ـ كۈنگە ياخشىلاندى، جەمئىيەت مۇقىم، خەلق خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان ياخشى ۋەزىيەت بارلىققا كەلدى، كادىرلار بىلەن ئاممىنىڭ مۇناسىۋىتىدىمۇ تەدرىجىي ئۆزگىرىش بولدى.

«كادىرلار ھەر كۈنى ئۆيگە كېلىدۇ، بىز ھۇرۇنلۇق قىلىپ ئۇخلاپ يېتىشتىن خىجىل بولىمىز.» كېرىيە ناھىيەسىنىڭ توغراغاز يېزىسى توغراغاز كەنتىدىكى نۇرغۇن نامرات ئاھالە شۇنداق دېيىشىدۇ.

قەرەلدە نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۈچۈن، نەچچە يۈز مىڭ كادىر ئاساسىي قاتلامغا چۆكۈپ، يېزا ـ كەنتلەرگە بېرىپ نامرات ئائىلىلەرگە ياردەم بەردى، يۆلىدى. كادىرلارنىڭ بەدەل تۆلىشى بىلەن يېزا ـ كەنتلەردە غايەت زور ئۆزگىرىشلەر بارلىققا كەلدى، شۇنداقلا ئاممىنىڭ ئاساسىي قاتلام تەشكىلاتلىرىغا بولغان ئىشەنچى ۋە ھىمايىسى قولغا كەلتۈرۈلدى. بۈگۈنكى ئېغىر نامرات كەنتلەردە، ياش، قاۋۇل ئەمگەك كۈچلىرى ئىشلەپچىقىرىش بىلەن ئالدىراش ئۆتۈۋاتىدۇ، ئۆيدە قالغان ياشانغانلار ھەربىر كادىرنىڭ ئىسمىنى ناھايىتى يېقىنلىق بىلەن ئاتىيالايدۇ.

قاراقاش ناھىيەلىك پارتىيە كومىتېتىنىڭ شۇجىسى جاڭ گۇەنجۇن مۇنداق دېدى: جەنۇبىي شىنجاڭدىكى ئۈچ ۋىلايەت، بىر ئوبلاست نامراتلىققا قارشى تۇرۇش، بۆلگۈنچىلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ بىرىنچى سېپىگە جايلاشقان، نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش نامرات رايونلارنىڭ قالاق قىياپىتىنى ئۆزگەرتىش، خەلق تۇرمۇشىغا نەپ يەتكۈزۈشتىكى مۇھىم تەدبىر بولۇپلا قالماي، تېخىمۇ مۇھىمى كىشىلەر قەلبىنى يېتەكلەپ، پارتىيەنىڭ ھاكىمىيەت يۈرگۈزۈش ئاساسىنى پۇختىلاشتىكى ئاچقۇچلۇق تەدبىر.

«ئۇلارنىڭ كۆزلىرىدىن ھەقىقىي نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش نەتىجىلىرىنى كۆرەلەيسىز.» شۇ جايدىكى كادىر مۇنداق دېدى: نامرات ئاممىنىڭ كۆزلىرىدە سوغۇق ئىپادە ئازايدى، قىزغىنلىق كۆپەيدى؛ ئالاقىزادىلىك ئازايدى، قەتئىيلىك كۆپەيدى.

نەچچە مىليون كىشى نامراتلىقتىن قۇتۇلۇش بىلەن بىللە، شىنجاڭنىڭ جەمئىيەت مۇقىملىقى ۋەزىيىتى سىجىل ياخشىلىققا ئىنتىلىپ، ياخشىلىنىشقا يۈزلەندى، ئىلگىرىكى زوراۋانلىق، تېررورلۇق كۆپ يۈز بېرىش ۋەزىيىتى ئۈزۈل ـ كېسىل ئۆزگەرتىلدى، ئۇدا 46 ئاي زوراۋانلىق، تېررورلۇق دېلوسى يۈز بەرمىدى، ھەر مىللەت ئاممىنىڭ ئىجتىمائىي مۇقىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىككە بولغان ئىشەنچى كۆرۈنەرلىك ئېشىپ، كۆپ يىللاردىن بۇيانقى تىنچلىق، مۇقىملىققا بولغان ئارزۇسى ۋە ئۈمىدى ئىشقا ئاشتى.

2 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدىن بۇيان، شىنجاڭ ئىقتىساد، جەمئىيەت تەرەققىياتى ۋە خەلق تۇرمۇشىنى ياخشىلاشتا مىسلىسىز مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈردى. نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى ئالغا سىلجىتىش، جەمئىيەت مۇقىملىقىنى قوغداش شىنجاڭنىڭ نەچچە مىڭ يىللاردىن بۇيانقى ئەڭ ئۇلۇغ تارىخىي خاراكتېرلىك ئىلگىرىلىشى، شۇنداقلا بۇ، شىنجاڭنى تارىختىكى ئەڭ ياخشى گۈللىنىش، تەرەققىي قىلىش مەزگىلىنى كۈتۈۋېلىش ئىمكانىيىتىگە ئىگە قىلدى.

3 ـ قېتىملىق مەركەز شىنجاڭ خىزمىتى سۆھبەت يىغىنىدا، باش شۇجى شى جىنپىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىش توغرىسىدا مۇنداق ئورۇنلاشتۇرما قىلدى: «نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش ئۆتكەللىگە ھۇجۇم قىلىش ۋە ئىشقا ئورۇنلاشتۇرۇشنى ئىلگىرى سۈرۈشتىن ئىبارەت ئىككى زور ئىشنى ئۇزاققىچە ياخشى تۇتۇش» «قايتا نامراتلىشىپ كېتىشنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى تەكشۈرۈش ـ ئۆلچەش ۋە ياردەم بېرىش ـ يۆلەش تۈزۈم مېخانىزمىنى تاكامۇللاشتۇرۇپ، مۇكەممەللەشتۈرۈپ، ئومۇميۈزلۈك نامراتلىقتىن قۇتۇلدۇرۇش بىلەن يېزا ـ كەنتلەرنى گۈللەندۈرۈشنى ئورگانىك جىپسىلاشتۇرۇشنى داۋاملاشتۇرۇپ ئالغا سىلجىتىپ، ئىچكى تەرەققىيات ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى ۋە تەرەققىيات ھاياتىي كۈچىنى ئۈنۈملۈك كۈچەيتىپ، نامراتلىقتىن قۇتۇلغاندىن كېيىن تەرەققىي قىلالايدىغان بولۇشقا، ئىمكانىيەتلىك سىجىل بولۇشقا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك»... يېڭى تارىخىي باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تىيانشان ئوغۇل ـ قىزلىرى ئىتتىپاق ـ ئىناق، ئاۋات ـ باي، مەدەنىي بولغان، تەرەققىي قىلغان، خاتىرجەم ياشايدىغان، خۇشال ـ خۇرام ئىشلەيدىغان، ئېكولوگىيەسى ياخشى بولغان يېڭى دەۋردىكى جۇڭگوچە سوتسىيالىستىك شىنجاڭنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقماقتا.

**(يېزىشقا قاتناشقانلار: جاۋ گې، لى جىنخاۋ، خاۋ يۈ)**

**(شىنخۇا ئاگېنتلىقى، ئۈرۈمچى، 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى تېلېگراممىسى)**

(بېشى 1 ـ بەتتە)

ھەممىسى كوناشەھەر ناھىيەسىدە بولۇپ، ئۇلارنىڭ ھەممىسى 10 ـ ئاينىڭ 25 ـ كۈنى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى بىلەن يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلار ئىكەن.

قەشقەر ۋىلايەتلىك كېسەللىكنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش مەركىزىنىڭ مۇئاۋىن مۇدىرى ۋاڭ شىجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: ئاپتونوم رايون ۋە ئالاقىدار ۋىلايەت، ئوبلاست، شەھەرلەرنىڭ ياردەم بېرىش تەكشۈرۈش ئەترەتلىرىنىڭ زور كۈچ بىلەن قوللىشىدا، قەشقەردە بىر كۈندە 122 مىڭ پىروبىركا كۆپىيىپ، 610 مىڭ كىشىنىڭ نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئىقتىدارى ھازىرلاندى. 10 ـ ئاينىڭ 26 ـ كۈنى سائەت 16گىچە، قەشقەر ۋىلايىتىدە جەمئىي 4 مىليون 471 مىڭ 700 كىشىدىن ئەۋرىشكە ئېلىنىپ، 2 مىليون 133 مىڭ 600 كىشىنىڭ نەتىجىسى چىقتى، كوناشەھەر ناھىيەسىدە تەكشۈرۈپ چىقىلغان كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلاردىن سىرت، باشقا ناھىيە، شەھەرلەرنىڭ ھەممىسىدە مەنپىي چىقتى.

ۋاڭ شىجياڭ مۇنداق تونۇشتۇردى: نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش، ئالدىن سىگنال بېرىش مېخانىزمى ۋە نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشتە مۇسبەت چىققان خادىملار بايقالغاندىن كېيىنكى بىرىنچى ۋاقىتتا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈشنى قانات يايدۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ ئىككى تۈرلۈك خىزمەت كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىدە ئىنتايىن مۇھىم رول ئوينايدۇ. بۇ قېتىم كوناشەھەر ناھىيەسىدىكى تۇنجى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى دەل نوكلېئىك كىسلاتاسىنى قەرەللىك تەكشۈرۈشتە تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلغاپ تەكشۈرۈپ چىقىلغان. تۇنجى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى بايقالغاندىن كېيىن، ۋاقتىدا نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش ئارقىلىق، تېزلىكتە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ئىلغاپ تەكشۈرۈپ چىقىلدى، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش نۇقتىسىدىن قارىغاندا، بۇ، يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەشكە ئىنتايىن پايدىلىق. چۈنكى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىلار ۋاقتىدا بايقالسا، ئۇلار بىلەن مۇناسىۋەتلىك يېقىندىن ئۇچراشقۇچىلارنىمۇ ۋاقتىدا تېببىي كۆزىتىش دائىرىسىگە كىرگۈزۈپ، شۇ رايوندىكى تارقىلىش زەنجىرىنى دەل جايىدا ئۈزگىلى، ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، تارقىلىش يوللىرىنى تېز ئۈزۈۋەتكىلى بولىدۇ. نوكلېئىك كىسلاتاسىنى تەكشۈرۈش تېز ھەم ۋاقتىدا بولۇپ، بالدۇر بايقالغاچقا، ئاغرىقلار تېخى يۇقۇملىنىشنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقانلىقتىن، ھەممىسى كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچى بولۇپ ئىپادىلەنگەن. ئومۇميۈزلۈك تەكشۈرۈپ ئانالىز قىلىش ئارقىلىق، نۆۋەتتە كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن 164 يۇقۇملانغۇچىنىڭ كوناشەھەر ناھىيەسىنىڭ زەمىن يېزىسى 3 ـ كەنتىدىكى زاۋۇت بىلەن باغلىنىشچانلىقى زور بولۇپ، تارقىلىشچان كېسەللىك ئىلمىدە يۇكسەك بىردەكلىكنى ئىپادىلىدى. بارلىق ئاغرىق مىساللىرىنىڭ ھەممىسى تەشەببۇسكارلىق بىلەن ئىلغاپ تەكشۈرۈشتە بايقالدى. بارلىق كېسەللىك ئالامىتى كۆرۈلمىگەن يۇقۇملانغۇچىدا گۇمانلىق ئاغرىق مىسالى، ئېنىق دىياگنوز قويۇلغان ئاغرىق مىسالى، قىزىغان ئاغرىقلار بىلەن ئۇچرىشىش تارىخى ھەم سوغۇق زەنجىرلىك بۇيۇم ۋە ياۋايى ھايۋانلار بىلەن ئۇچرىشىش تارىخىنىڭ بارلىقى ئېنىق ئەمەس.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مەھكىمىنىڭ مۇئاۋىن باش كاتىپى ئەسەت ئۆزايىم قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ ماددىي ئەشيا كاپالىتى ئەھۋالىنى تونۇشتۇردى. قەشقەر ۋىلايىتى ۋاقتىدا جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش كاپالەت مېخانىزمىنى قوزغىتىپ، مەخسۇس ئادەم ئاجرىتىپ گۆش، كۆكتات، ئاشلىق، ياغ، قوشۇمچە يېمەكلىك بىلەن تەمىنلەش ۋە ئەشيا ئوبوروتى، تەقسىملەپ يەتكۈزۈش قاتارلىق تۈرلۈك خىزمەتلەرگە مەسئۇل قىلىپ، تەمىنلەش نۇقتىسى قاتارلىق ئادەملەر زىچ توپلاشقان سورۇنلاردىكى يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ۋە تەمىنلەشكە كاپالەتلىك قىلىش ئەھۋالىنى نازارەت قىلىش، تەكشۈرۈشنى كۈچەيتىپ، مال سېتىۋېلىشنى تارقاقلاشتۇرۇش، بەدەن تېمپېراتۇرىسىنى ئۆلچەش، ھاۋا ئالماشتۇرۇش، دېزىنفېكسىيەلەش قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش خىزمىتىنى ياخشى ئىشلىدى. قىيىنچىلىقى بار ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىشتىكى تۈرلۈك خىزمەتلەرنى گەۋدىلىك ياخشى ئىشلەپ، ۋاقتىدا تۆۋەن كاپالەت ئائىلىلىرى، قىيىنچىلىقى بار ئائىلىلەرگە زۆرۈر تۇرمۇش لازىمەتلىكلىرىنى ھەقسىز تارقىتىپ بېرىپ، ئەمەلىي قىيىنچىلىق ۋە مەسىلىلەرنى ھەقىقىي ياخشى ھەل قىلدى. قوغدىنىش دېزىنفېكسىيە بۇيۇملىرى، داۋالاش دورىلىرى، ئۈسكۈنىلىرى قاتارلىق يۇقۇمنىڭ ئالدىنى ئېلىش ـ تىزگىنلەش ئەشيالىرىنى ئىشلەپچىقىرىش، يۆتكەپ توشۇش، زاپاس ساقلاش، تەمىنلەش خىزمىتىنى پۈتۈن كۈچ بىلەن ياخشى ئىشلەپ، داۋالاش ئۈسكۈنىلىرى ۋە جىددىي ئىشلارغا تاقابىل تۇرۇش ئەشيالىرى كاپالىتىنىڭ يېتەرلىك بولۇشىغا ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلدى.

ئادرېس: ئۈرۈمچى شەھىرى ياڭزىجياڭ كوچىسى 1 ـ نومۇر. ئېلان باشقارمىسى: 5850783، تارقىتىش مەركىزى: 5859769، تېلېگراف نومۇرى: 5028. پوچتا نومۇرى: 830051. گېزىتنىڭ يىللىق باھاسى: 336 يۈەن، ئايلىق باھاسى: 28 يۈەن، پارچە باھاسى: بىر يۈەن (گېزىتنىڭ تىزىملاش نومۇرى: 102)